## مۇسۇلمانلاردىكى كىملىك كۆرۈنۈشلىرى

باشتا شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، كىملىكىمىزگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ياكى شەرىئەتنىڭ پىرىنسىپال قائىدىلىرىگە زىت كەلمەيدىغان پايدىلىق نەرسىلەردىن كىمدىن بولسۇن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىشتە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىلىقى بىلەن ئاشكارا قىلىۋاتقان ئىدىيە تەسەۋۋۇرى ياكى سىياسىي يۆنىلىشى ياكى سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ يا مۇسۇلمان يا كوممۇنىست ياكى ئەلمانىزم، ياكى لىبرالىزىم ياكى خرىستىيان ياكى ئافرىقىلىق ياكى ئامېرىكىلىق ياكى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**كىملىك ئامىللىرى: تىل، ئىرق، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت، قىممەت قاراش، جۇغراپىيە ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيەدىن تەركىب تاپىدۇ.**

**كىملىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرى: كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىيات، شېئىر، رىۋايەت، قۇرۇلۇش شەكىللىرى ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.**

كۆرۈنۈش بەزىدە كىملىكنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ئىنسانىي ئورتاقلىقتا تەۋە نەرسىلەرنى قوللىنىش كىملىكنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق تامىقىنى يېيىش، ياۋرۇپا پوسۇنىدا ئۆي سېلىش، ياكى شەرئى ئۆلچەمدىن چەتنىمىگەن ئاساستا مۇئەييەن كىيىم - كېچەك پورمىسىغا مايىل بولۇشقا ئوخشاش كۆرۈنۈشلەر كىملىكنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. شۇڭا، كىملىككە تەھدىت سالىدىغان ۋە كىملىكنى بىكار قىلىۋېتىدىغان نەرسىلەر كۆرۈنۈشلەردىن كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى كىملىك ئامىللىرىدىكى نۇقسانلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

## هازىرقى زامان ئىسلام كىملىكىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدىكلىرى نېمە؟ مۇسۇلمانلار باشقىلاردىن نېمە ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كىملىكنىڭ ئۆزگەرمەس قىسىملىرى بىلەن ۋە ئۆزگىرىدىغان قىسىملىرىنى تونۇشتۇرۇش مۇھىم.

كىملىكنىڭ ئۆزگەرمەس قىسىملىرى: دىن، تىل، ۋەتەن، مەدەنىيەت، تارىخ، قىممەت قاراش، ئىدىيە، كۇلتۇر ۋە ئورتاق مەسىلىلەر.

كىملىكنىڭ ئۆزگىرىشىنى قوبۇل قىلىدىغان كۆرۈنۈشلىرى: كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئاتالغۇلار ۋە ئۆرپ - ئادەتلەردىن ئىبارەت.

**هازىرقى زامان ئىسلام كىملىكىنىڭ ئاساسلىق تاشقى كۆرۈنۈشلىرى تۆۋەندىكىچە:**

1. **دىن**: ئىسلام دىنىمىز كىملىكىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىلدۇر، چۈنكى دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش، ئىدىيە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە قانۇن - تۈزۈملەر ئىسلام كۆرسەتمىسىگە تايىنىدۇ. لېكىن، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى چۈشەنچىسى يۈزەكى بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىمىز ئادەت ۋە شەكىلگە ئايلىنىپ قالماقتا. بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردا ئاشقۇنلۇق ياكى ئاشقۇن پاسسىپلىق ئىللەتلىرى كۆرۈلمەكتە.

2. ئانا تىل پەخرىمىزدۇر، ئانا تىل مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ شەرتىدۇر، ئانا تىل مىللىتىمىزنىڭ بەلگىسىدۇر، ئانا تىل مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسىدۇر، چۈنكى ئانا تىلىنى يوقاتقان مىللەت تارىختىن غايىب بولىدۇ، تىلسىز مىللەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ.

دېمەك، مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقى تىل ۋە ساغلام ئېتىقادتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئامىلغا باغلىقتۇر. چۈنكى مىللەتنىڭ پىسخىكىسى، ۋىجدانى ۋە ئەقلانىيىتى تىلىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزدىكى ئورتاق كۇلتۇرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

3. ئىززەت - شەرەپ قىممەتلىك. چۈنكى، ئىززەت - شەرەپنى قوغدىغانلىق كىملىكىنى ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتنى قوغدىغانلىقتۇر.

4. تارىخ قىممەتلىك. چۈنكى تارىخىمىز پەخرىمىزدۇر ۋە بىزنى ئاتا - بوۋىلارغا ئوخشاش بۈيۈك ئىش - ھەرىكەتلەرگە ئۈندەيدىغان مەنبەدۇر.

5. ئالىملار ھۆرمەتلىك. چۈنكى ئۇلار مىللەتنىڭ ئەقلىدۇر، مىللەتنىڭ يېتەكچىسىدۇر، مىللەتنىڭ ھامىيسىدۇر...

6. بىرلىك ئۈمىدتۇر. چۈنكى بىرلىك بۈگۈنكىدەك ئېغىر كۈنلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ھالبۇكى بىرلىك كۈنىمىزدە مىللىتىمىزدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر سەۋەبىدىن كۈندىن كۈنگە پارچىلانماقتا.

7. ئەركىنلىك ياكى ھۆرلۈك ئېڭى تۆۋەنلىكى

بىزنىڭ كىملىكىمىزدىكى ئاساسلىق ئەيىب - نۇقسان ئەركىنلىككە ياكى ھۆرلۈككە سۇغا ياكى ھاۋاغا تەشنا بولغاندەك تەشنا بولالماسلىقتۇر، چۈنكى ئۇزۇن مەزگىل مۇستەملىكىنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىدە تەربىيلەنگەن، باشقىلارغا باش ئىگىپ ياشاشقا كۆنۈپ قالغان، ھۆرلۈك ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى ئېغىر كۆرىدىغان، كىملىكىنى قوغداشنى پەرز دەپ قارىيالمىغان ۋە مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرەلمىگەن مىللەتتە ئەركىنلىك ئېڭى تۆۋەن بولىدۇ.

8. ياخشىلىقنى سۆيۈش

بۇ مۇسۇلمانلاردىكى ئەنئەنىۋى بىر سۈپەتتۇر. بۇ سۈپەتنىڭ كۆيۈنۈش، ئۆتۈنۈش، باشقىلارغا ياخشىلىق يەتكۈزۈشكە ئالدىراش ۋە كەڭ قورساق بولۇش قاتارلىق كۆرۈنۈشلىرى بار. بۇ سۈپەت قىسمەن تېپىلىدۇ.

9) ھىجاب خانىملارنىڭ كىملىك كۆرۈنۈشىدۇر

مۇســۇلمان ئايالىلارنىڭ (يۈز ۋە قولدىن باشــقا ئەزالىرىنى تولۇق ياپىدىغان بولۇش، بەدەننى ســۈپەتلەپ قويغىدەك دەرىجىدە تار ۋە نىپىز بولماســلىق شــەرتى ئاســاســىدا) كىيىم - كېچەك كىملىكىگە رىئايە قىلىشــى دىنىمىزنىڭ تەقەززاســىدۇر ۋە مۇســۇلمانلىق ئىپادىســىدۇر. بىراق دىنىمىز مۇســۇلمــان ئــايــالالرغــا مۇئەييەن رەڭلىك كىيىم - كېچەكلەرنى شــەرت قىلمايدۇ، بەلكى قايســى رەڭدە بولســۇن يۇقىرىقى شــەرتكە ئۇيغۇن هالدا ئۆلچەملىك بولۇشــىنى شــەرت قىلىدۇ، مۇئەييەن رەڭنىڭ باشقا رەڭدىن ئارتۇق ساۋابى بولمايدۇ.

10. يۇقىرىقى كۆرۈنۈشــلەردىن باشــقا، مۇســۇلمانلارنىڭ كىملىك كۆرۈنۈشــىدە يەنە ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلمەســلىك، ۋاقىتقا ئەهمىيەت بەرمەســلىك، ئىنتىزاملىق ۋە تەشــكىللىك ئىش قىلمــاســلىق، قالايمىقانچىلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

ئابدۇراهمان جامال كاشغەري.

2019- يىلى- ئىستانبول.